## 6293 ـ ئەر ئۈچۈن ئانا ئەۋزەلمۇ ياكى خوتۇن

**سوئال**

سوئال: بىر مۇسۇلمان ئەر ئۈچۈن ئىھسان قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشى ئانىسىمۇ ياكى ئايالى؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

جاۋاب:

پۈتۈن ھەمدۇ_ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر ئۈچۈن ئىلىپ ئىيتقاندا ئانىسى ئايالىغا قارىغاندا بەكرەك ئەۋزەلدۇر. ھەدىستە بايان قىلىنىشچە: ساھابىلاردىن بىرى رەسۇلۇللاھتىن مىنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم بەكرەك ھەقلىق، دەپ سورىغاندا پەيغەمبىرىمىز ئانىڭىز دىگەن، ئۇنىڭدىن كىيىنچۇ دەپ سورىغاندا يەنە ئانىڭىز دىگەن، ئۇنىڭدىن كىيىنچۇ دىگەندە، يەنە ئانىڭىز دىگەن، ئۇنىڭدىن كىيىنچۇ دىگەندە ئاتىڭىز دەپ جاۋاپ بەرگەن بۇ ھەدىسنى بۇخارى 5514– مۇسلىم 4621– نومۇرلۇق ھەدىسلەردە بايان قىلغان. يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئانىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

ئايالى بولسا بىر ئشتىلا ئانىسىدىن ئەھمىيەتلىك سانىلىپ، ئۇ بولسىمۇ ئايالىغا نەپىقە بىرىشتۇر. ئەگەر ئەر كىشى كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن ئانىسى ۋە ئايالىغا كېرەكلىك تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى يەتكۈزۈپ بىرىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، بۇھالەتتە ئايالى ئانىسىدىن ئۇستۇن (يەنى ئايالىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش) ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە ئەقىل ۋە ئىمان ئىگىسى بولغان بىر ئىنسان بۇنداق قىيىن ۋەزىيەتتە ئەلۋەتتە ئوتتۇرىھال يول تۇتىدۇ. مۇسۇلمان ئەر ئۈچۈن ھەممىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىشى كېرەك. ئەگەردە ئانىسى ئايالىغا زۇلۇم قىلغان بولسا بۇ زۇلۇمنى توختىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇلارنى چىرايلىق ياراشتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. شۇنداقلا ئانىسى نارازى بولىدىغان ئىشلاردىن قەتئى ساقلىنىشى لازىم.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.